# 27070 ـ تىرناق ئاستىدىكى كىر تاھارەتنىڭ توغرا بولىشىنى چەكلەمدۇ؟

## سۇئال

تىرناق ئاستىدىكى كىرلار تاھارەتنىڭ توغرا بولىشىنى چەكلەمدۇ؟.بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئالالاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

قىرىق كۈن بولۇشتىن ئىلگىرى تىرناقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تازىلاش كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە تىرناقلىرىنى ئېلىش، ئەۋرەتلىرىنى تازىلاش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش ۋە بۇرۇتنى قىسقارتىش توغرىسىدا ۋاقىت بەلگىلەپ قىرىق كۈندىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. [مۇسلىم رىۋايىتى 258-ھەدىس].

ئەر-ئايالالار بۇ مەسىلىنى ئويلىنىشى كېرەك، تىرناق، بۇرۇت، ئەۋرەت ۋە قولتۇقنى قىرىق كۈن بولۇشتىن ئىلگىرى پاكىزلاپ تۇرۇش كېرەك، تىرناق ئاستىدا كىر بولۇپ قالسا ئالغان تاھارىتى توغرا بولىدۇ چۈنكى شەرىئەت كىچىك ئىشلاردىن ئەپۇ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.